السنّة النبوية وعلومها
www.sunnah.global

# بىر ئادەم پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ بەزى ئىشلار توغرىسىدا سۆز قىلىپ: ئاللاھ خالىسا ۋە سەن خالىساڭ دېدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىگە: «مېنى ئاللاھ بىلەن باراۋەر قىلدىڭمۇ؟ يالغۇز بىر ئاللاھ خالىسا دېگىن» دېدى

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە: بىر ئادەم پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ بەزى ئىشلار توغرىسىدا سۆز قىلىپ: ئاللاھ خالىسا ۋە سەن خالىساڭ دېدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىگە: «مېنى ئاللاھ بىلەن باراۋەر قىلدىڭمۇ؟ يالغۇز بىر ئاللاھ خالىسا دېگىن» دېدى.

[ھەدىسنىڭ ئىسنادى ھەسەن]

بىر ئادەم پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ بەزى ئىشلار توغرىسىدا سۆز قىلىپ: ئاللاھ خالىسا ۋە سەن خالىساڭ دېدى". پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىنىڭ بۇ سۆزىنى رەت قىلىپ، ئۇنىڭغا: مەخلۇقنىڭ خالىشىنى ئاللاھنىڭ خالىشىغا جۈملە "ۋ" ھەرپى بىلەن ئۇلانسا كىچىك شىرىك بولىدىغانلىقىنى، مۇسۇلماننىڭ بۇنداق سۆزنى قىلماسلىقى كېرەكلىكىنى بىلدۈردى. ئاندىن ئۇ كىشىنى يالغۇز بىر ئاللاھ خالىسا دېگەن ھەق سۆزگە باشلاپ قويىدى، ئاللاھ خالاشتا يەككە-يېگانە بولۇپ، (جۈملىدە ئالدىنقى جۈملىگە نىسبەت بېرىشنى تەقەززا قىلىدىغان ئۇلاشنىڭ قايسى تۈرلىرىدىن بىر تۈر بىلەن) بىر كىشىنىڭ خالىشىنى ئاللاھنىڭ خالىشى بىلەن بىر ئورۇندا كەلتۈرگىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/5928

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee